السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# سىز ھەر ئايدا ئادەت كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزدە ناماز ۋە روزىنى تەرك قىلىسىز، ئۇ كۈنلەردىن كېيىن يۇيۇنۇپ ئىبادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرىسىز

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ھەبىبە بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېلىدىغان قان سەۋەبىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز ھەر ئايدا ئادەت كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزدە ناماز ۋە روزىنى تەرك قىلىسىز، ئۇ كۈنلەردىن كېيىن يۇيۇنۇپ ئىبادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرىسىز»، ئۇ ئايال ھەر قېتىم ناماز ئادا قىلىدىغان ۋاقىتتا يۇيۇناتتى.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

ساھابە ئاياللاردىن بىرى ئۆزىدىن كېلىدىغان قان توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى بۇ ھادىسە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ھەر ئايدا ئادەت كۆرىدىغان كۈنلەرنىڭ ھېساۋى بويىنچە ناماز-روزىنى تەرك قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇ ساھابە ئايال ھەر ناماز ئۈچۈن قوشۇمچە يۇيۇناتتى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/10015

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee